# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 11 - ئاي

17

سەيشەنبە

维吾尔文 11 月17日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى ᠰᠢᠨᠵᠢᠶᠠᠩ ᠰᠣᠨᠢᠨ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25248 - سان بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭنىڭ «پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز»ىنىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

### بېلىجان يېتىشتۈرۈشتىن ئىنچىكە پىششىقلاشقىچە

# يېڭىلىق يارىتىش گاۋبېيگۈي بېلىقى بېقىش كەسپىگە تىرەك بولدى



11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئىشچىلار ئارشاڭ ناھىيەسىدىكى شىنجاڭ سايرام كۆلى بېلىقچىلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ ئاقما لىنىيەسىدە گاۋبېيگۈي بېلىقىنىڭ توڭلىتىلغان يېڭى بېلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلىماقتا. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جىن شىشىن فوتوسى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لياك لىخۋا، دوۋ شىڭجۈن

بېلىجان يېتىشتۈرۈشتىن تارتىپ ئىنچىكە پىششىقلاشقىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ سايرام كۆلى بېلىقچىلىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ سايرام كۆلى بېلىقچىلىقى دېيىلىدۇ) پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى يادرو قىلىپ، گاۋبېيگۈي بېلىقى بېقىش كەسپ زەنجىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتىپ، باقمىچىلىق ئۈنۈمىنى يىلمۇيىل ئۆستۈردى.

### بىرلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ ئىلمىي تاللاپ يېتىشتۈردى

11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، مۇخبىرلار ئارشاڭ ناھىيەسىگە جايلاشقان سايرام كۆلى بېلىقچىلىقى گاۋبېيگۈي بېلىقىنى كۆپەيتىش بازىسىغا كەلدى، قاتار - قاتار يېتىشتۈرۈش ئۆسكۈنىلىرىدە بېلىجانلار تۇخۇمدىن چىقىرىلىۋاتاتتى.

«بۇلار تۇراقلىق تۆۋەن ئىللىق تېمپېراتۇرىلىق يېتىشتۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى، ھەر يىلى گاۋبېيگۈي بېلىقىنىڭ ئۇرۇقلانغان تۇخۇمىدىن 80 مىليون دانە بېلىجان چىقىرىلىدۇ، كۆپەيتىش مەركىزىدە ئۈچ ئاي يېتىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، 15 مىليون دانە بېلىجان تاللىنىپ، سايرام كۆلىدە تەبىئىي چوڭىيىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ» دەپ تونۇشتۇردى سايرام كۆلى بېلىقچىلىقىنىڭ باش دىرېكتور ياردەمچىسى بى فۇياك.

ئېگىز، سوغۇق تاغلىق رايونغا جايلاشقانلىقتىن، سايرام كۆلىدە ئىلگىرى بېلىق تۈرلىرى ياشاپ باقمىغان. 1998 - يىلى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى سۇ مەھسۇلاتلىرى تارماقلىرى رۇسىيەدىن گاۋبېيگۈي بېلىقى كىرگۈزۈپ، سايرام كۆلىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان بېلىق تۈرى بولماسلىق تارىخىنى ئۆزگەرتتى. گاۋبېيگۈي بېلىقى سوغۇق سۇ بېلىقىغا تەۋە بولۇپ، سايرام كۆلىنىڭ تەبىئىي مۇھىتىغا ماسلىشالىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆلدە تەبىئىي يەم مول بولغاچقا، گاۋبېيگۈي بېلىقى بۇ يەردە بىر كىلوگرام ئەتراپىدا چوڭىيالايدۇ.

سكانىرلاپ سىنى كۆرۈڭ

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### 5 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

[ ئىستون سۆزى ]

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئۇنىڭدا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»دە دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسى بەش يىللىق ھەمدە 15 يىللىق تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى سىزىپ بېرىلدى. ئومۇمىي يىغىن روھىنى ياخشى تەشۋىق قىلىش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىزدە «5 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا» مەخسۇس ئىستونى ئېچىلىپ، ئىككى لىنىيەدىكى يۇغۇرما تاراتقۇ زىيارەت كىچىك ئەترەتلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ زىيارەت قىلىپ تەييارلىغان يۇرۇشلۇك خەۋەرلىرى بېرىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى ۋە يارقىن نۇقتىلىرى، تەدبىرلىرى كۆپ نۇقتىدىن، ھەر تەرەپتىن نامايان قىلىنىدۇ، دىققەت قىلغايسىلەر.

### ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

# چىگرا بويىدىكى كەنتتە كۈنلەر لەززەتكە تولدى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ رۈيلىن، ئىختىيارىي مۇخبىر شۇ لېيفېڭ

ئاقچى ناھىيەسىنىڭ قارا بۇلاق يېزىسى ئاقئۆڭكۈر كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇردىگۈل سۇلايمان كەنتتىكى ئەگىلىك تىكلەش بازىسىدا بىر كىيىم - كېچەك دۇكىنى ئاچقاندى، ھازىر ھەر ئايلىق كىرىمى نەچچە مىڭ يۈەن بولۇپ، تۇرمۇشى ئالدىراش ھەم مەنىلىك ئۆتۈۋاتىدۇ.

«كەنتتە بىكار يۈرۈيدىغانلار قالمىدى. پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى ئىگىلىك تىكلەپ كىرىمنى ئاشۇرۇش سۈپىلىرىنى كۆپەيتتى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىككى قولىغا تايىنىپ تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشنى ئويلايدىغان بولدى» دېدى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تۇردىگۈل سۇلايمان كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئاقئۆڭكۈر كەنتى چېگرا بويىدىكى كەنت، ئىلگىرى قاتناش قولايسىز، ئۇچۇر راۋان ئەمەس ئىدى، بۇ يەردە تۇرىدىغان كەنت ئاھالىلىرى دۇنيادىن بىخەۋەر دېگۈدەك ھالەتتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرەتتى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ يەرنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى كۈنسېرى مۇكەممەللىشىپ، كەنت قىياپىتى ۋە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتى پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىردى.

### يېڭى تۇرمۇشنى باشلاش

كەنت ئاھالىسى ئاجى ئاقىش ئەمىن ئۆيىگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، تۇرمۇشى رەڭدارلاشتى. خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق يېڭى ئۆي پاكىز ھەم يورۇق بولۇپ، ئۆي جاھازلىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تەل بولغان بۇ ئۆي تولىمۇ ئىللىق كۆرۈنەتتى، ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينىگە تېرىلغان گۈل - گىياھلار كىچىك ھويلىنى ئىنتايىن چىرايلىق تۈسكە كىرگۈزگەنىدى.

بۇ يىللاردا، كەنتتە خەلقنى بېيىتىش ئەمىن تاپقۇزۇش ئولتۇراق رايونىدىن بەشنىڭ ئارقا - ئارقىدىن پۈتۈشكە ئەگىشىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان چېگرا ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. «تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولدۇق، توك ئىشلىتىشتىن غەم قىلمايمىز، قىشتا يەنە پار بار.»

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# شىنجاڭدىكى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ۋارىسلىرى بېيىش كويىدا پۈتتى

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى يۈ تاۋ، دۇڭ بوتىڭ

توقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئىچئېرىق بازىرى جاي كەنتى يىراق - يېقىنغا داڭلىق ئاز سانلىق مىللەت چالغۇلىرىنى ياساش كەنتى. پۈتۈن كەنتتىكى 290دىن كۆپرەك ئائىلىنىڭ يېرىمىغا يېقىنىنىڭ ئاساسلىق كەسپى چالغۇ ياساش بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چالغۇ ياساش ھۈنەر - سەنئىتى بويىچە يەنە نۇرغۇن «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى» ۋارىسلىرى بار.

جاي كەنتىگە كىرسىڭىز، يولدارلارنىڭ ئۆيلىرى بىلەن ھويلىلار بىرتۇتاش بېزىلىپ لايىھەلەنگەن بولۇپ، ئىنتايىن قەدىمىي، ئاددىي كۆرۈنەتتى، كىشىلەر بۇنىڭدىن جاي كەنتىنىڭ 100 يىل ئىلگىرىكى ھالىتىنى كۆرگەندەك بولاتتى.

«جاي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى 300 نەچچە يىل ئىلگىرىلا چالغۇ ياساش تارىخىنى باشلىغان.» توقسۇ ناھىيەلىك مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ساراي باشلىقى سى لىلى مۇنداق تونۇشتۇردى: ھازىر كەنتتە دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسىدىن بىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسىدىن بەشى بار.

دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھېيت ئىمىن «داڭلىق چالغۇ شاھى» ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرسەك، ھويلىدا چالغۇ ياسايدىغان ياغاچ ماتېرىياللار دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، دەسلەپكى پىششىقلانغان تاختايلار تۈرگە ئايرىپ رەتلىك قويۇلغانىدى.

ھېيت ئىمىننىڭ خىزمەت ئۆيى چالغۇ مۇزېيىغىلا ئوخشايتتى. بۇ يەردە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەر خىل نەقىشتىكى، تېپتىكى دۇتار، غىجەك، راۋاب قاتارلىق ئەنئەنىۋى چالغۇلىرى بار ئىدى. ھېيت ئىمىن 15 يېشىدىن باشلاپ بوۋىسى ۋە دادىسىغا ئەگىشىپ چالغۇ ياساشنى ئۆگەنگەن بولۇپ، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت تاۋلىنىش ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ بارلىق ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى ياساش ھۈنەر - سەنئىتى جەھەتتە ئاساسەن پىششىپ يېتىلىپتۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئىككى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 26 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئىككى ئاغرىق مىسالى دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 26 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ھاللىق تۇرمۇشمىزغا ئاتلىنايلى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھال قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھال قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

# پېشقەدەم كەنت دوختۇرلىرى يېڭىلىقلار ھەققىدە توختالدى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، لىيۇ يى

«چىشىڭىز ئاغرىغان بولسا بۇ دورىنى ئىچسىڭىز بولىدۇ، بىر كۈندە ئۈچ قېتىم، بىر قېتىمدا ئىككى تالدىن ئىچىڭ، ئەگەر ياخشىلانمىسا يەنە مېنى ئىزدەڭ.» 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسىنىڭ نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆتكەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىكى شىپاخانىنىڭ شىپاخانا باشلىقى زەينەپخان سىدىق دورا بەرگەچ، ئاغرىققا شۇنداق تاپىلىدى.

مۇخبىرلار يېڭىدىن سېلىنغان شىپاخانىدا كېسەل كۆرۈش سۇپىسى، داۋالاش ئۆيى، كۆزىتىش ئۆيى ۋە ئوكۇل سېلىش ئۆيىنىڭ ھەممىسىنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى، ئايرىم دورىخانىدا تۈرلۈك دورىلارنىڭ رەتلىك تىزىلغانلىقىنى كۆردى. ھويلىغا ئىككى قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، شوپۇر ئىنچىكىلىك بىلەن سۈرتۈپ تازىلاۋاتاتتى. «بىرى كەنتىمىزگە سەپلەپ بېرىلگەن، يەنە بىرى مەنپىي بېسىملىق قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى.» زەينەپخان مۇنداق دېدى: بۇنداق ياخشى داۋالاش شارائىتىنى ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايتتى.

دەريا بويى كەنتى دەريا بويى يېزىسىدىكى بىردىنبىر مەمۇرىي كەنت بولۇپ، ئەسلىدىكى ئورنى 100 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكى رايونىدا ئىدى، ئۇزاقتىن بۇيان، قاتناش ئىنتايىن قولايسىز، جۇغراپىيەلىك ئورنى چەت - ياقىدا بولغاچقا، كەنت ئاھالىلىرى يېرىم بېكىنمە ھالەتتە كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. 2007 - يىلى 4 - ئايدا، زەينەپخان ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ كەنتكە كېلىپ، كەنت دوختۇرلۇق خىزمىتىنى باشلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



سۈرەتتەك گۈزەل قاراقاش دەرياسى جىلغىسى

قاراقاش دەرياسى جىلغىسىنىڭ مەنزىرىسى(11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى تارتىلغان). باش قىشتا، خوتەن ناھىيەسىنىڭ لاڭرۇ يېزىسىغا جايلاشقان قاراقاش دەرياسى جىلغىسىدىكى قاتمۇقات ئورمانلار رەڭدار تۈسكە كىرىپ، مەنزىرىسى سۈرەتتەك گۈزەل بولۇپ كەتتى. ☐ ئادىل نادىر فوتوسى


扫码下载 石榴云 客户端

新疆日报 | 石榴云 | 天山网 www.ts.cn

新 疆 报 业 传 媒 集 团